# 145986 ـ شىركەت ھەر يىلى روجىستىۋۇ بايرىمىدا كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرىدۇ

### سۇئال

مەن مالايشىيادا قۇرۇلغان ئامېرىكا شىركىتىدە خىزمەت قىلىمەن، ئۇلار ھەر يىلى يېڭى يىل ھارپىسىدا كەچلىك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بۇنى روجىستىۋۇ ھارپىسى زىياپىتى دەپ ئاتايدۇ. گەرچە شۇنداق ئاتىسىمۇ ئەمما بۇ زىياپەتتە ئۆز-ئارا ھەدىيە، سوۋغا ئالماشتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا بايرامغا ئالاقىدار ھېچقانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ. مۇشۇ زىياپەتكە قاتناشسام توغرا بولامدۇ؟. ئەگەر شىركەت مېنى بۇ زىياپەتنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئەزالارنىڭ قاتارىدا تاللىغان بولسا قانداق قىلىشىم كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇسۇلمان ئۈچۈن قايسى شەكىلدە بولسۇن كاپىرلارنىڭ بايراملىرىغا قاتنىشىشى توغرا بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ بۇ تۈردىكى بايراملارغا قاتنىشىشى ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرىشىنى كۆچەيتىدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا رازى بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بايراملاردا كاپىرلارنى تەبرىكلەپ ۋە ئۇلارغا ھەدىيە-سوۋغا تەقدىم قىلىشى توغرا بولمايدۇ. 947-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بۇ مەسىلە تەپسىلى بايان قىلىنغان.

يۇقىرىقى سوئالدا تىلغا ئېلىنغان يىللىق زىياپەتنى ئوونلاشتۇرغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ دىنى بايرىمىنىڭ ئاتىلىشى بويىچە"روجىستىۋۇ" (كىرىسمىس) بايرىمى دەپ ئاتىغان. بۇ پائالىيەتنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى پەقەت بىر كۈن ئەمەس، بەلكى بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. يەنى 24-دېكابىردا باشلىنىپ 6-يانۋارغىچە 13 كۈن داۋاملىشىدۇ.

خىرىستىئانلارنىڭ قارشىدا بۇ كۈندە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنى پائالىيەتلەردىن: كەچلىك تائام يېيىش: بۇ يېڭى يىل كەچلىك زىياپىتى دەپ ئاتىلىدۇ، ھەدىيە-سوۋغات ئالماشتۇرۇش، بۇ يۇقىرىدا سوئالدا بايان قىلىنغان ئۇلارنىڭ مۇشۇ بايرامدا قىلىدىغان ئىشلىرىدىن بىرى، بۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئادەتلەنگەن دىنى بايرام ياكى دىنغا ئالاقىدار بولغان بايرام ھېسابلىنىدۇ، مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بايراملارغا قاتنىشىشى ياكى بايرامغا قاتناشقانلارنى تەبرىكلىشى توغرا بولمايدۇ.

شىركەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە بۇ زىياپەتكە قاتنىشىدىغان بولسا ياكى بىۋاستە بۇ زىياپەتكە چاقىرىلغان بولسا،

مۇمكىن بولىدىغان ئۆزۆر ۋە ئامال_چارىلارنى قىلىپ قاتناشماسلىق كېرەك. چوڭ شىركەتلەر ئادەتتە شىركەت خادىملىرىنىڭ دىنى تۇيغۇلىرىنى هۆرمەت قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دىنى تەرەپتىن ئۆزۆر بايان قىلىنغاندا بەلكىم شىركەت خىزمەتچىلەرنىڭ دىنى تۇيغۇلىرىنى ئېھتىرام قىلىپ، زىياپەتلەرگە قاتناشتۇرۇلماسلىقى مۇمكىن.

يەنىمۇ تەپسىلى مەلۇمات هاسىل قىلىش ئۈچۈن 127500- 85108_ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن. ئاللاھ تائالا سىزنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا هەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.